السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# مۇناپىقنى"خوجا"دىمەڭلار، ئەگەر ئۇنى خوجا دەپ بىلسەڭلار، پەرۋەردىگارىڭلارنى غەزەپلەندۈرىسىلەر

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى:
««مۇناپىقلارنى"خوجا"دىمەڭلار، ئەگەر ئۇنى خوجا دەپ بىلسەڭلار، پەرۋەردىگارىڭلارنى غەزەپلەندۈرىسىلەر
سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [نىسائىي"سۈنەن نىسائىي"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: مۇناپىق گەرچە ئۆز قەۋمىدە چوڭ باشلىقلاردىن بولسىمۇ، سىلەر ئۇنى خوجا دەپ ئاتىساڭلار ھەقىقەتتە ئاللاھنى غەزەپلەندۈرگەن بولىسىلەر، چۈنكى ئۇلۇغلۇق ئاللاھ ئۈچۈن بولىدۇ، گەرچە مۇناپىق ئۆز قەۋمىدە چوڭ باشلىق بولسىمۇ، ئۇ ھۆرمەتلەشكە لايىق بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ يالغانچى، مۇناپىقتۇر، بۇنداق ئىككى خىل ھالەتتە مۇناپىققا خوجا دىگەن سۆزنى ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. كاپىر، پاسىق ۋە بىدئەتچىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارمۇ مۇتلەق خوجا دىگەن سۈپەتكە لايىق بولالمايدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/8962

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee